# شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، دىققەتنى قىيىن نۇقتا، مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەمتۈرتكە سۇپىسى قۇرۇپ، بايلىقنى بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال كۈچەپ، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە بىڭتۇەن 12 ـ شىسىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار. شىنجاڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەۋزەللىكلەردە بىر ـ بىرنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

لىيۇ جيايى مۇنداق دېدى: شىنجاڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە. باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى قىسمەن ۋەزىپىنى شەندۇڭغا تاپشۇردى، بۇ شەندۇڭغا بولغان ناھايىتى زور ئىشەنچ، شۇنداقلا بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان سىياسىي مەسئۇلىيىتىمىز. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش جەھەتتە بىر قىسىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، بىر قىسىم دەسلەپكى قەدەمدىكى نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. بىز «تۆت ئاڭ»نى تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قەتئىي ھالدا «ئىككىنى قوغداش» ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. بىز كۈچلۈك بۇرچ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاڭلىق ھالدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مەسئۇلىيەت دائىرىمىزدىكى ئىش، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىز قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان سىياسىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. بىز ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش شەكلى، ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىلگىرىكى خىزمەت نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، بايلىقلارنى توپلاش، مەبلەغنى بىرىكتۈرۈش، سىياسەتلەرنى توپلاشنى كۈچەيتىپ، ئۆمەك تەشكىللەش شەكلىدىكى ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمىز ۋە ئۇنى يولغا قويىمىز. مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، شەندۇڭنىڭ مەدەنىيەت چوڭ ئۆلكىسى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە، يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ، روھنى تاۋلاشقا تۈرتكە بولىمىز. بىز پۇختا خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىغا ۋە شەندۇڭ ـ شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئۈمىدىگە جاۋاب قايتۇرىمىز.

سۆھبەت يىغىنىدا، شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى ۋاڭ شۇجيەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى، شەندۇڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ۋە بىڭتۇەن 12 ـ شىسىنىڭ مائارىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات مەركىزى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئائىلىسى، 104 ـ تۇەنگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى تەكشۈردى، نامرات ئاممىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى ھەم شەندۇڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكارلىق تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ سۈن لىچېڭ، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، پېڭ جيارۇي، جاۋ چىڭ، ياۋ شىنمىن، لى جىدۇڭ يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

**گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# تىرىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىسى بولىمەن

□ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى
شۆھرەت قۇربان

مەن بىر كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىن بىر كارخانىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا چوڭ بولدۇم، ئەتراپىمىزدىكى قوشنىلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ ئائىلىلەر ئىدى، ھەر مىللەت قوشنىلار بىللە ئولتۇراتتۇق، كۆپچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئىناق ـ ئىتتىپاق ئىدى، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىجىل ـ ئىناق ئۆتەتتۇق.

كىچىك ۋاقتىمدا ئاتا ـ ئانام كارخانىدا ئىشلەيتتى، ئۈچ ئىسمېنا ئالمىشىش يولغا قويۇلغان بولغاچقا، دائىم كېچىلىك ئىسمېنا ئىشلەيتتى. ھەر قېتىم ئاتا ـ ئانام كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەشكە كەتكەندە، ئەتراپتىكى قوشنىلىرىمىز بىزدىن ئۆز باللىرىدەك خەۋەر ئېلىپ، بىز ئاكا ـ سىڭىللارنى ئۆيلىرىگە باشلاپ كىرىپ، بىزگە مەززىلىك كەچلىك تاماق ۋە يېڭى مېۋە ـ چېۋىلەرنى بېرەتتى. كەچ بولغاندا، قوشنىلار ئۆيىمىزگە كىرىپ يېشى كىچىك ئىنى ـ سىڭىللىرىمنىڭ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى سېلىپ بېرىپ، بىزنى ئۇخلىتىپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ، بىزنى ناھايىتى خاتىرجەم قىلاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم سىڭلىم ئېھتىياتسىزلىقتىن ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ئۆي سالغاندا قۇم لاي ئېتىشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن سۇ ئالدىغان بىر چوڭ سۇ ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتكەندە، قوشنا خەنزۇ ھاممىمىز كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال ئانامغا خەۋەر يەتكۈزگەن، ئانام سىڭلىمنى قۇتقۇزغىلى كەلگەندە، قولۇم ـ قوشنىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، سۇ ئازگىلىغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئانام بىلەن سىڭلىمنى تارتىپ چىققان. باللىق چاغلىرىمدىكى ھەر مىللەت كىچىك دوستلار بىرلىكتە خۇشال ـ خۇرام ئوينىغان، قوشنىلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىجىل ـ ئىناق ئۆتكەن گۈزەل ئەسلىمىلەر، خىزمەت قىلغاندا، توي قىلغاندا ھەر مىللەت خىزمەتداشلىرىمنىڭ ماڭا قىلغان قىزغىن ياردىمى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ھەر ۋاقىت چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

2015 ـ يىلى، مەن ۋە دوستۇم ئاپتوموبىل ھەيدەپ كۈنەس ناھىيەسىگە دوستىمىزنى يوقلىغىلى باردۇق، قايتىش يولدا ئاپتوموبىل بۇزۇلۇپ قېلىپ، يول بويىدا توختاپ قالدۇق. قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندى، بىر قازاق يىگىت ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئاپتوموبىلىمىزنى بىر رېمونتخانىغا سۆرەپ ئاپىرىپ بەردى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ئۇستىسىنىڭ زاپچاسلىرى كەم بولغاچقا، ئاپتوموبىلىمىزنىڭ گېنېراتورىنى رېمونت قىلالمىدى، لېكىن ئاككۇمۇلياتورغا توك قاچىلاپ بەردى، ئاپتوموبىل داۋاملىق ماڭالايدىغان بولدى. بىز بىر تاغ جىلغىسىغا كەلگەندە، ئاپتوموبىلنىڭ توكى قالماي، ئاپتوموبىلدا كېچىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇق. تاڭ ئاتاي دېگەندە، غۇلجا شەھىرىگە كېتىۋاتقان بىر خەنزۇ يىگىت بۇ يەردىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئاپتوموبىلىدا ئىككى ئاككۇمۇلياتور بار ئىكەن، ئۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن يول بويى ئاككۇمۇلياتورىمىزغا توك قاچىلاپ، بىزنى غۇلجا شەھىرىگىچە ئاپىرىپ قويدى، بىز ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ رەھمەت ئېيتماقچى بولدۇق، ئۇ: «ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، ئۇچرىشىپ قالغانىكەنمىز، ياردەم قىلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس» دېگىنىچە ئالدىراپ كېتىپ قالدى. مەن ئۆزۈم باشتىن كەچۈرگەن، ئەتراپىمدىكى ئاڭلىغان تەسىرلىك ئىشلاردىن تۇرمۇشتا بىز دىققەت قىلمايدىغان كىچىككىنە ئىشلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا، قەدىمدىن تارتىپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئارىلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، قان بىلەن گۆشتەك مۇستەھكەم رىشتە ئورناتقان، ھەر مىللەت خەلق بىر ـ بىرىگە چىڭ باغلانغان، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. مەن دائىم: نېمە ئۈچۈن كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ، چۈنكى مەن جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى چوڭقۇر سۆيىمەن؛ نېمە ئۈچۈن مەن بۇ تۇپراقنى شۇنچە چوڭقۇر سۆيىمەن، چۈنكى مېنىڭ بۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلققە چوڭقۇر مۇھەببىتىم بار، دەپ ئويلايمەن. مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلغاندىلا، ۋەتىنىمىز تېخىمۇ گۈللىنىدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ، جۇڭخۇا ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. مەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىسى بولۇشقا تىرىشىمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىدا دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، 94 تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى يەتتە تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىنى تۇتقا قىلىپ، بىر گەۋدىلەشكەن ھۆكۈمەت ئىشلىرى سۇپىسى قۇرۇش ۋە قوللىنىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەملىكەتلىك «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىش، بازار ئىجازەتى توسۇقىنى بۇزۇپ تاشلاشتىكى مۇھىم تۇتقىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامما ۋە كارخانىلارنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەشيا ئوبوروتى بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، شەھەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرۈش، بايلىقنى بىرلەشتۈرۈشنى ئەلالاشتۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى ئۈستىگە ئېلىش، رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تىرەك بولۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشنى توپ ۋەزىپە قىلىپ، ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كېڭەيتىش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، سىستېما قۇرۇش، بىخەتەرلىكنى مۇقىملاشتۇرۇشنى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمى ۋە تېببىي خادىملارنى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش مۇلازىمىتى ئىقتىدارى ۋە يۈرۈشۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رولغا ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي داۋالاش ـ سەھىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپلىقنى قوزغىتىپ، ئۈچ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنى ئىقتىدار ئورنىنى بېكىتىشنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داۋالاش مۇلازىمىتى سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە يېتەكلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۇغۇت سۇغۇرتىسى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاساسىي داۋالاش سۇغۇرتىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، فوندنىڭ ئورتاق ياردەم بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتىكى كونكرېت تەدبىر. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئىككى تۈرلۈك سۇغۇرتا فوندى ھەم باشقۇرۇش بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ئۇيغۇنلاشقان، سۇغۇرتا باشقۇرۇش بايلىقىنى ئەلالاشتۇرىدىغان، ئىككى تۈرلۈك سۇغۇرتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تۈزۈم سىستېمىسى ۋە يۈرۈشۈش مېخانىزمى ئورنىتىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# سۇبيېكتلىق ئاڭنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما سۇبيېكتلىق ئاڭنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سىياسىتىدىن تولۇق، ياخشى، جانلىق پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى. سۇبيېكتلىق ئاڭنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىشتە، جەزمەن ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تولۇق نامايەندىسى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك سۇپىسى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جەزمەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېھتىياجى، ئۈمىدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە كارخانىلارنىڭ مەدىتى، ياردىمىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، سىرتتىن قان بېرىش بىلەن ئۆزى قان ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

«سىياسىي لۇشيەن بېكىتىلگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ.» سۇبيېكتلىق ئاڭنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىشتە، جەزمەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ھەم مەركەز كارخانىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، پىكىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىرىكىش نۇقتىسى، كۈچەش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى، تۈرى، ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ئەڭ زور ئۈنۈمىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئىناق، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتنى ساقلاپ، ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، ئىجابىي تېپلارنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك؛ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئۆگىنىش، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق يادەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش جەريانىدا، قارشى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇلى، ئىلغار تەجرىبىسى، يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيەسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىپ»، ئۆز ۋەزىيىتى، ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى. سۇبيېكتلىق ئاڭنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىشتە، جەزمەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بەخت يارىتىدىغان ئۇلۇغ ئىش، ھەر مىللەت ئاممىسى ھەم مەنپەئەتلەنگۈچى ھەم قاتناشقۇچى بولۇپ، جەزمەن باش پېرسوناژلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، كۈتۈپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش ئىدىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇشتەك سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش يارىتىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ خالىس ياردىمىنى گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، گۈزەل پۈكمە رەسىملەر ئېچىلدى. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشتەك بۇرچ تۇيغۇسى، قىلچىمۇ بوشاڭلىق قىلماسلىقتەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ، دەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىم، زور تارىخىي پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئورۇنلار، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە پۇختا تۈرتكە بولۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي ـ ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.